# 71466 - تۇتقاقلىق كېسىلگە گىرىپتار بولغان كىشىگىمۇ ھەج قىلىش پەرز بولامدۇ؟

## سۇئال

مەن 17 يىلدىن بىرى تۇتقاقلىق كېسىلگە گىرىپتار بولغان، داۋالىنىپ تۇرساممۇ روھى-ھالىتىم بىر خىل ئەمەس، بەزى ۋاقىتتا كېسىلىم قاتتىق تۇتىدۇ، ئەمما كېسەلنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى ۋە تەرتىپى يوق، كېسەل تۇتقان بەزى ۋاقىتلاردا ھەتتا كىچىك تەرەت قىلىپ قويىمەن. مۇشۇنداق ھالەتتە ماڭا ھەج قىلىش پەرز بولامدۇ؟ ياكى ۋاكالىتەن باشقا بىر كىشىنى ئەۋەتىپ بەدەل ھەج قىلدۇرسام توغرا بولامدۇ؟، بىر تۇققان قېرىنداشلىرىمغا كۆپ ئىقتىسادى قەرزىم بار، مېنىڭ پەرزەنتىم يوق، ئۇلار مېنىڭ بىردىن مىراسخورىم، شۇنداقلا، ئۇلار مېنى داۋالاتتى ۋە قەرزلىرىمنى كۆتۈرىۋەتتى؟. بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەلمەدھىيلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھتائالاغا خاستۇر.

ئالدى بىلەن جانابى ئاللاھ تائالادىنسىزنىڭ كېسىلىڭىزگە شىپالىق تىلەش بىلەنبىرگە، سىزگە يەتكەنئەزىيەتلەرگە ئەجىر-ساۋاپ تىلەيمىز.

ئىككىنچى:ھەجنىڭ پەرز بولىشى ئۈچۈن سالامەتلىكى ياخشىبولۇش ۋە يەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگەبولۇش شەرت قىلىندۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالامۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ الْبَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَإِلَيْهِ سَبِيلًا﴾
تەرجىمىسى: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرزقىلىندى.»
[سۈرە ئال-ئىمران 97-ئايەت].

كېسەللىكسەۋەبىدىن ھەج سەپىرىگە بەرداشلىقبېرەلمەيدىغان ياكى ھەج پائالىيىتىنى ئادا قىلىشقا قادىربولالمايدىغان ۋەياكى سەپەر قىلىپ بۇپائالىيەتلەرنى ئادا قىلىش بەك قىيىن بولغان كىشىگەھەج قىلىش پەرز بولمايدۇ.

شەيخمۇھەممەد ئەمىن شەنقىيتىرەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:"سەپەر مۇشەققىتى قىيىن بولغانكېسەللەردىن پەرز ھەجنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىتوغرىسىدا ئالىملار ئارىسىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق" تۈگىدى.[ئەدۋائۇل بايان].

شەيخئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللادىن:13 يىلدىن بىرى تۇتقاقلىقكېسىلگە گىرىپتار بولغان بىر كىشى، كېسەللىكئەھۋالىنى (ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن) دورا ئارقىلىق كونترولقىلىپ تۇرىدۇ. ئەمما چارچىغان ۋاقىتلاردا يەنىلائۇ ھالەتتىن خالى بولالمايدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالئاستىدا كېسەلگە بەرداشلىق بېرىپ ئۆزىھەج قىلىشى

كېرەكمۇ ياكى باشقا بىرىنى ۋەكىللىك ئۆزى ئۈچۈن ھەج قىلدۇرۇشدۇرۇس بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، شەيخ جاۋاپبېرىپ مۇنداق دېگەن: ”ئەگەركېسەلنىڭ ساقىيشىدىن ئۈمىت بولمايدىكەن، ئىقتىسادىبولسا ئۆزىگە ۋاكالىتەن ھەج-ئۆمرەقىلىدىغان بىر كىشىنى ۋەكىل قىلىشى كېرەك، ئىقتىسادىبولمايدىكەن ئۇ كىشىگە ھەج قىلىش پەرزبولمايدۇ، ئەمما داۋالىنىش بىلەن كېسەلدىنساقىيىش ئۈمىدى بولسا، داۋالانغاچ ئاللاھ تائالادىنكېسەللىكگە شىپالىق تىلەپ كۈتۈپ تۇرۇشكېرەك. ئاللاھ تائالادىن ئۇ كىشىنىڭ كېسەللىكگەشىپالىق تىلەش بىلەن بىرگە قىيىنچىلىقلىرىنىئاسانلاشتۇرۇشىنى سورايمىز“ تۈگىدى. [شەيخ ئىبنىئۇسەيمىين پەتىۋالار توپلىمى21-توم 167].

يۇقىرىداشەيخنىڭ بۇ مەسىلىگە بەرگەنجاۋابى بولسا، كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھمۇنداق دەيدۇ: ”ھەج قىلىشنىڭ شەرتلىرىتېپىلغان بولسىمۇ، مەلۇم كېسەللىك ياكىبەدەن ئاجىزلىقى ۋەياكى بەك ياشىنىپ قالغانلىقسەۋەبلەر بىلەن سەپەرمۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىقبېرەلمەيدىغان كىشلەر، قاچانكى ئۆزىئۈچۈن ۋاكالىتەن ھەج قىلىدىغان كىشتېپىلىدىكەن، ھەجگە ئەۋەتىپ ھەجقىلدۇرسا توغرا بولىدۇ. مانا بۇ ئىمام ئەبۇھەنىپە ۋە ئىمام شافىئىي قاتارلىق ئالىملارنىڭقارىشىدۇر“ تۈگىدى. [ئەلمۇغنىي ناملىقئەسەر 3-توم 91-بەت].

بۇنىڭ دەلىلى: بىر ئاياليەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: **«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ تائالائىنسانلارغا ھەج قىلىشنى پەرز قىلغان ۋاقىتتا، دادام بەكياشىنىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئۇلاغدا ئولتۇرالمايدىغانھالدا ئىدى، (يەنى قاتناش ۋاستىلىرىدا يول يۈرۈشكەقادىر بولالمايدۇ) مەن دادام ئۈچۈن ھەج قىلىپقويسام توغرا بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:ھەئە، توغرا بولىدۇ،»** دېگەن. [ئىمامبۇخارى رىۋايىتى 1513 - ھەدىس].

شۇنىڭغا ئاساسەن، ھازىرسىز بىۋاستە ھەجگە بېرىشىڭىزكېرەك بولمايدۇ، ئەگەر سىزنىڭكېسەللىكىڭىز ئىشەنچىلىك دوختۇرلارنىڭتەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ساقىيىش ئېھتىماللىقىيۇقىرى دەپ دېيىلگەنۇز قويۇلغان بولسا، ئاللاھسىزگە شىپالىق بەرگۈچە قەدەر ھەج قىلىشپەرز بولمايدۇ، ساقايغاندىن كېيىن ھەج قىلىشقايەتكۈدەك ئىقتىسادقا ئىگە بولسىڭىز، ھەجقىلىش پەرز بولىدۇ.

ئەمما كېسەللىكىڭىزنىڭ ساقىيشىدىنئۈمىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، سىزنىڭ ھەج قىلىشقايەتكۈدەك ئىقتىسادىڭىز بولسا، سىز ئۆزى ھەجقىلىپ بولغان بىر كىشىنى تېپىپ، ئۆزىڭىزگەۋەكىل قىلىپ ھەج قىلدۇرۇشىڭىز لازىم.

ئۈچىنچى:مادامىكى قېرىنداشلىرىڭىز سىزگە ياخشى مۇئامىلەقىلىپ، قەرزىڭىزنى كۆتۈرۈۋەتكەنئىكەن، ھەج قىلسىڭىز ياكى بەدەل ھەجقىلدۇرسىڭىز ھەججىڭىزگە ھېچ تەسىرىيەتكۈزمەيدۇ.

جانابى ئاللاھ تائالا كېسىلىڭىزگەشىپالىق ئاتا قىلسۇن. سىز ۋە بىزنى توغرا يولغامۇۋەپپەق قىلىشىنى ئۇلۇغ ئاللاھتىن سورايمىز.

تەرجىمەقىلغۇچى: سەييىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىنتەمكىنى